شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
24
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24858 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

ئۆلگىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۆلگىلەردىن ئۆگىنىش

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كادىرلار، ئامما پائال تۈردە «ئۆلگە 4» مەخسۇس تېمىلىق پروگراممىسىنى كۆردى

مۇخبىرىمىز **جيا چۈنشيا**، پىراكتىكانت **ۋاڭ جىڭيۈ** خەۋەر قىلىدۇ: مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى بىرلىكتە سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلىگەن مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تىپىك ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەخسۇس تېمىلىق پروگرامما «ئۆلگە 4» 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلى(CCTV−1)دا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار كادىرلار، ئاممىنى كۆرۈشكە ئەستايىدىل تەشكىللىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ئۆلگىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۆلگىلەردىن ئۆگىنىپ، ئۆلگىلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئىرىشىپ ئىلغارلاردىن بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىپ، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئاتلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پىكىر» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «پىكىر» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى دۆلەت بىرلىكىنىڭ ئاساسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەنبەسى، مەنىۋى كۈچىنىڭ روھى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى كۆزلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭىلىق يارىتىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى كەڭ دائىرىدە كېڭىيىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرۈش كېرەككى، يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىدە يەنىلا تۈزۈلمە ـ مېخانىزم تاكامۇل بولماسلىق، ۋاستە، ئۇسۇل ماس كەلمەسلىك قاتارلىق ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت. يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات تارىخىي ئورنىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ھەرمىللەت ئاممىنى سۇبيېكت، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى تۈپ يۆنىلىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تۈپ يول قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» باش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش باش تېمىسىنى زىچ چۆرىدەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ھاياتى كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش

ــــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي مۇلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇردى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار باش تېما تەربىيەسىنى يۇقىرى سۈپەتتە قانات يايدۇرۇپ، دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولماسلىق، بەنزىنىڭ سەپلىنىشى تولۇق بولماسلىق، پائالىيەت دائىملىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشقا يېتەكلەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

■ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يۇقىرى سۈپەتتە تۈرتكە بولۇش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى ئورگانىك ئېتراپنامىسىگە ئىگە

شىنجاڭنىڭ يەرلىك كالا گۆشى ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقىرىلدى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۇجاۋ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ تيەنلەي شياڭنيۇ يېمەكلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ سويۇپ پارچىلاش سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى تولۇق يۈكلۈك ئايلىنىۋاتاتتى، 100 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاقما لىنىيەدە، ئوخشاش بولمىغان ئىش ئورنىدىكى ئىشچىلار كالىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسىملىرىنى تۈجۈپلەپ پارچىلاۋاتاتتى. ئۇن نەچچە ئىش تەرتىپىدىن ئۆتۈپ پىششىقلانغان بۇ يۈز نەچچە خىل كالا گۆشى مەھسۇلاتى ھازىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقىرىلدى.

«ھازىر پىششىقلىنىۋاتقان 30 توننا كالا گۆشى ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن زاكاز بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ۋۇخەنگە توشۇلىدۇ. بۇنىڭغا ئىلگىرىكى 70 تونىنا كالا گۆشىنى قوشقاندا،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

نۇرلان ئەبىلمەجىن ئىلى، بورتالادا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ يىڭچۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبىلمەجىن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز سىياسىي كېڭەش خىزمىتى يىغىنى ھەم جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىشتىكى تەپەككۇر يولى، تەدبىر ۋە ئورتاق تونۇشقا مۇجەسسەملەشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېڭ كەي يېتەكچىلىكىدىكى مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش 5 ـ ئۆمىكى ئۈرۈمچىدە ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

شىنجاڭ ياخشى جاي

شىنجاڭنىڭ كۈز پەسلىدىكى گۈزەل توغراقلار ئەڭ ياخشى سەيلە مەزگىلىگە كىردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر **بەي جيالى**) شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا، ئالتۇن رەڭلىك توغراق ئەڭ گۈزەل پەسلىنى كۈتۈۋېلىپ، زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىنى كېلىپ سەيلە قىلىشقا جەلپ قىلدى.

مۇخبىر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بۈگۈر ناھىيەسىدىكى تارىم توغراقلىق باغچىسىدا ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقانلىقىنى، شەخسىي ئاپتوموبىل، ساياھەت ئاپتوبۇسلىرىنىڭ باغچە ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىدا توشۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەتراپتىكى مېھمانسارايى، دېھقانلار ئارامگاھىدا ساياھەتچىلەر مىقدارىنىڭمۇ زور دەرىجىدە ئاشقانلىقىنى كۆردى.

كۈز گۈزەللىكى قويۇق ئالتۇن يوپۇرماقلىق توغراقلىقتا، ساياھەتچىلەر رەڭدار كىيىملىرىنى كىيىپ، توغراقلىقنى كېزىپ ئۆتۈش جەريانىدا سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنور كۆلى مەنزىرە رايونىدىكى توغراقلار، قۇملۇق ئۆزئارا گىرەلىشىپ جىلۋىلىنىپ، نۇرغۇن ساياھەتچى ۋە فوتو سۈرەت ھەۋەسكارلىرىنى جەلپ قىلدى. (ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان)

☐مۇخبىرىمىز تاڭ يۈك فوتوسى

سادىقلىقنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش سەرخىل ئەسكەرلەرنى تاۋلاش

ــــ شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە تۇەنى 1 ـ يىڭ 3 ـ ليەن توغرىسىدا (ئالدىنقى قىسمى)

☐مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ

قۇربانتۇڭغۇت قۇملۇقىنىڭ چېتىگە ۋەتەننى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشتىكى كۈچلۈك قوشۇن ــــ شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىزىل ئارمىيە تۇەنى 1 ـ يىڭ 3 ـ ليەن ئورۇنلاشقان.

بۇ تارماق ئەترەتتە خەلق ئارمىيەسىنىڭ مەڭگۈ رەڭگى ئۆچمەسلىك، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ غەلبىلىك جەڭ قىلىش گېنىغا بۇگۈنگىچە ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئۇلارنى تىنچ دەۋردىكى سادىق قوغدىغۇچىلارغا ئايلاندۇردى.

■ دۈشمەنگە دۈچ كەلگەندە شەمشەر ئوينىتىش قىيىن ئەھۋالغا ئۇچرىغاندا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كەچ، تيانشان باغرىدىكى بېشبالىقتا بىر مەيدان «قورشاپ يوقىتىپ نۇقتىنى بىتچىت قىلىش» مانېۋىرى ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. ئۈچ بىرىم سائەت ئىنچىكە پىلانلاش ۋە ئېھتىيات بىلەن ئىجرا قىلىش ئارقىلىق 3 ـ ليەن 1 ـ بەنىنىڭ بەنجاڭى چېن دېفېڭ جەڭچىلەرنى باشلاپ دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قاتمۇقات توسالغۇلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تارتۇۋېلىپ كونترول قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىغا قىزىل بايراقنى سانجىدى. «بۇنىڭ ئارقىسىدا ھەربىر ئادەمنىڭ جاپالىق مەشقى بار» دېدى چېن دېفېڭ.

3 ـ ليەن 1934 ـ يىلى قۇرۇلغان، ليۇ جىدەن، شيې زىچاڭ، شى جۈگشۈن قاتارلىق ئىنقىلابىي ئەجدادلار رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان قىزىل ئارمىيە ليەندۈيى. ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، 3 ـ ليەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنى قوغداش ئۇرۇشى، قۇمبې ئۇرۇشى، لەنجۇ ئۇرۇشى قاتارلىق 2000 قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇش، جەڭلەرگە قاتناشقان.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)